# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 7 ـ ئاي
25
شەنبە
维吾尔文 7 月25日

新疆日报网 : www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى : CN 65—0002/—W

新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى : xjrbdzb@xjdaily.com 25133 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بازار سۇبيېكتى 1 مىليون 970 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ، رىن خۇانلىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەمەلىي بار بولغان تۈرلۈك بازار سۇبيېكتى (بىكىتۈەدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1 مىليون 977 مىڭ بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12.8% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا 385 مىڭ 900 بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.1% ئاشقان؛ يەككە سودا ـ سانائەتچى 1 مىليون 546 مىڭ 200 بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14.4% ئاشقان.

باجنى كېمەيتىش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، مۇددەتنى كېچىكتۈرۈش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش... بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى كۈچەپ ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، ئادىل، ھەققانىي، ئاشكارا، ئوچۇق تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغاتتى.

يېقىندا ئاپتونوم رايونىمىز يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر ئېغىر ئۇچرىغان قاتناش ـ ترانسپورت، يېمەك ـ ئىچمەك، مېھمانخانا، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارغا قارىتا،
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ جىلىندا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى جىلىننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشى، ھەر تەرەپلىمە گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش كېرەك



7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ جىلىن ئۆلكىسىدە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ چاڭچۈن شەھەرلىك 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھى تەتقىق قىلىپ ئېچىش باش يۇرتىدا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن سەممىمىي پىكىر ئالماشتۇرماقتا.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى يەن يەن فوتوسى



7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ جىلىن ئۆلكىسىدە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىپىڭ شەھىرى لىشۇ ناھىيەسىدىكى دۆلەت مىليون مولۇق يېشىل يېمەكلىك خام ماتېرىيالى (قوناق) نى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ يادرولۇق ئۆلكە كۆرسىتىش رايونىدىكى ئېتىزدا، شى جىنپىڭ قوناقلىقا كىرىپ، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ـ پايدىلىنىش، قارا تۇپراقنى قوغداش ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى يەن يەن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭچۈن، 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا جىلىندا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىش داۋامىدا يېڭى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سۈپەتنى تېخىمۇ يۇقىرى، ئۈنۈمنى تېخىمۇ ياخشى، قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئەلا، ئەۋزەللىكى تولۇق قويۇپ بېرىلگەن بىر تەرەققىيات يېڭى يولىنى تېپىپ چىقىشتا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جىلىننىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشى، ھەر تەرەپلىمە گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش مۇساپىسىدە يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كېلەر يىلى دۆلىتىمىز «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى يولغا قويۇشنى باشلايدۇ. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىز ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان 1 ـ بەش يىل بولۇپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلدىكى تەرەققىياتنى ياخشى پىلانلاش ناھايىتى مۇھىم. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز تەرەققىياتنىڭ ئىچكى شارائىتى ۋە تاشقى مۇھىتىدا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتىدۇ. بىز ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىشىمىز، جەزمەن چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىشىمىز، چوڭقۇر تەكشۈرۈشىمىز، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشىمىز كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «14 ـ بەش يىل» مەزگىلدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يىرىك پىلانى تەكلىپىنى تەشكىللەپ تۈزۈۋاتىدۇ. شى جىنپىڭ ھەرقايسى جايلاردىن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دىققەتنى دۇچ كەلگەن كونا، قىيىن مەسىلىلەر ۋە يېڭى خىرىسلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلدىكى تەرەققىيات نىشانى، پىكىر يولى، تەدبىرنى ئەستايىدىل پىلانلاشنى ئۈمىد قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە، شى جىنپىڭ جىلىن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بايىن چاۋلۇ، ئۆلكە باشلىقى جىڭ جۈنخەينىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سىپىڭ، چاڭچۈن قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، يېزا، مەھەللە، پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى، كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى پىلانلاش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

جىلىن سۇڭلياۋ تۈزلەڭلىكىنىڭ ئەزەلدىنلا «ئالتۇن قوناق بەلبېغى» ۋە «دادۇر ماكانى» دېگەن گۈزەل نامى بار بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن سۇڭلياۋ تۈزلەڭلىكىنىڭ كىندىك رايونىغا جايلاشقان لىشۇ ناھىيەسىگە كېلىپ، دۆلەتنىڭ مىليون مولۇق يېشىل يېمەكلىك خام ماتېرىيالى (قوناق) نى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ يادرولۇق ئۆلكە كۆرسىتىش رايونىدىكى ئېتىزدا، جىلىن ئۆلكىسى ۋە لىشۇ ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ماشىنىلاشتۇرۇپ،
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى**

## ئۈرۈمچى شەھىرى:

### نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ياسىن سىدىق 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق تونۇشتۇردى: دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئېلىپ بارماقتا.
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## سانائەت ئىقتىسادى مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلىدى

**يىل ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادنى كۆزىتىش**

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ**

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، ئاپتونوم رايونىمىز «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتى سالمىقىنى زورايتىپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپ تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ چىقىرىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشىنى، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتتى، سانائەت ئىقتىسادىدا سىجىل مۇقىم ئېشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

**پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قو-**

### شۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.0% ئاشتى

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان شەنشى ئاپتوموبىل پاي كونترول گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنىڭ باش قۇراشتۇرۇش سېخىدا، ھەر 13 مىنۇتتا بىر ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى ئىشلەپچىقىرىلدۇ. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، شىركەت ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش مىقدارىدا ئۈزلۈكسىز ۋەزىيەتتە ئىلگىرىلەپ، جەمئىي 3015 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقاردى، بۇ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 25.6% ئاشتى، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد يۈەنگە يەتتى.
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

**ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى**

### يېبىلغان كەنتىدە:

## 1000 مو قاقاسلىق مېۋىلىك باغقا ئايلاندى

**نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى**

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، جىڭ بو، زوۋ يى، ئەن شيۇ، يىن تۇگيۈەن**

تومۇز ياز كۈنلىرىدە، ئاقتۇ ناھىيەسى پىلال يېزىسىنىڭ يېبىلغان كەنتىدىكى 1000 مولۇق باغ ـ ئورمان بازىسىدا شاپتۇل، بارىن ئۆرۈكى شېخىنى كۆتۈرەلمەي قالغاندى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان تاۋۇزلار تاۋۇز يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا «ياتقان» بولۇپ، يېرىمى توسۇۋېلىنغان پىيادەكالا كۆرۈنەتتى؛ ئون نەچچە ئورمان مۇھاپىزەتچىسى مېۋىلىك دەرەخلەرنى چاتاۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئېيتىيات بىلەن كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىۋاتقان ھالىتى خۇددى ئۆز بالىسىغا مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشايتتى.

ئىلگىرىكى قۇم ـ شېغىل ھەممە جاينى قاپلاپ، بوران چىقسا تاشلار ئۇچۇپ يۈرىدىغان ھالەتتىن بۈگۈنكى يېشىللىققا پۈركەنگەن، مېۋىلىك دەرەخلەر شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالىدىغان ھالەتكە كەلگۈچە، يېبىلغان كەنتى بۇرۇنقى چۆل قاقاسلىقنى مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان باغ ـ ئورمان بازىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئوخشىمىغان مېۋىلەر ئارقىلىق باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» دېگەن ئىدىيەسىنى شەرھلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ، ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىشىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشتى.
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)